بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى

15- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا زَحْفًا فَلَا تُوَلُّوهُمُ الْأَدْبَارَ ۞ وَمَنْ يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلَّا مُتَحَرِّفًا لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَى فِئَةٍ فَقَدْ بَاءَ بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ وَمَأْوَاهُ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ ۞﴾.

## ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئى مۆئمىنلەر! كاپىرلارغا ئۇرۇشتا ئۇچرىشىپ قالساڭلار، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار) [15]. كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى ياردەم تىلەش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ (قوشۇنىدىكى) جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [16]» (سۈرە ئەنفال 15-، 16- ئايەتلەر).

## ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئەللامە سەئدى مۇنداق دەيدۇ: «الله ئۆزىنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىنى شىجائەتكە، الله نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتا كۈچلۈك بولۇشقا، قەلب ۋە بەدەنلىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان سەۋەبلەرنى ھاسىل قىلىشتا تىرىشچانلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە قوشۇن ئۇچراشقاندا قېچىپ كېتىشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا زَحْفًا﴾ <ئى مۆئمىنلەر! كاپىرلارغا ئۇرۇشتا ئۇچرىشىپ قالساڭلار>. يەنى ﴿زَحْفًا﴾ دېگەننىڭ مەنىسى — ئۇرۇش سېپىدە قوشۇن يۈرۈش قىلىپ بىر-بىرىگە يېقىنلاشقان ۋاقىتتا دېگەن بولىدۇ. ﴿فَلَا تُوَلُّوهُمُ الْأَدْبَارَ﴾ — ئۇلارغا كەينىڭلارنى قىلىپ قاچماڭلار بەلكى ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىشتا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار. ئۇلارنىڭ زەربىلىرىگە سەۋر قىلىڭلار، شەك-شۈبھىسىزكى شۇ ئارقىلىق الله نىڭ دىنى نۇسرەت تاپىدۇ ۋە مۆئمىنلەرنىڭ قەلبلىرى كۈچلىنىدۇ، كاپىرلار قورقۇتۇلىدۇ.

﴿وَمَنْ يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلَّا مُتَحَرِّفًا لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَى فِئَةٍ فَقَدْ بَاءَ بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ وَمَأْوَاهُ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ﴾ <كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى ياردەم تىلەش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەتىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن) ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمە دېگەن يامان جاي!>. بۇ ئايەت — جەڭ مەيدانىدىن ئۆزرىسىز قېچىشنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن ئىكەنلىكىنى قاتتىق تەھدىت بىلەن ئۇقتۇرغان. شۇنىڭدەك بۇ ھەقتە سەھىھ ھەدىسلەر ھەم كەلگەن.

﴿مُتَحَرِّفًا لِقِتَالٍ﴾ <قايتا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بىر تەرەپكە يۆتكىلىش> دېگەنلىك — ئۇرۇشقا قولايلىق بولىدىغان، دۈشمەنگە ئېغىر زەربە بەرگىلى بولىدىغان تەرەپكە يۆتكىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭدا ھېچقىسى يوق چۈنكى بۇ كىشى دۈشمەندىن قېچىش ئۈچۈن ئارقىسىنى قىلغىنى يوق بەلكى دۈشمەنگە غالىب كېلىش، دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش، دۈشمەننى ئالداش ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇش مەقسەتلىرى ئۈچۈن كەيننى قىلغان كىشىدۇر.

ئايەتتىكى ﴿مُتَحَيِّزًا إِلَى فِئَةٍ﴾ <مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قوشۇلۇش> دېگەنلىك — ئۇنى قوغدىيالايدىغان، كۇففارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ياردەم بېرەلەيدىغان مۆئمىنلەر تائىپىسىگە قوشۇلۇش دېگەنلىكتۇر. ھەقىقەتەن بۇ دۇرۇس» («تەپسىر سەئدى»دىن ئېلىندى).

سەييىد قۇتۇب رحمه الله بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆئمىنلەر! كاپىرلارغا ئۇرۇشتا يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ قالساڭلار ئۇلاردىن قاچماڭلار ئەمما جەڭگە تاكتىكا ئىشلىتىش، ياخشى ئورۇن تاللاش، ئۇرۇش پىلانىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ياكى قايتا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائىتىگە توپلىنىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. كىمكى جەڭ كۈنى دۈشمىنىگە ئارقىسىنى قىلسا ھەقىقەتەن ئۇ كىشى الله نىڭ يۇقىرىقى ئازابىغا دۇچار بولۇپ قالىدۇ».

بۇ ئايەتتىن چىقىدىغان شەرئىي ھۆكۈملەر:

بىرىنچى ھۆكۈم، جەڭدىن قېچىش چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن بولۇپ، شەرئىي تېكىستلەر جەڭدىن قېچىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. پەقەت تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەت بۇنىڭدىن مۇستەسنا:

1- ھالەت: قايتا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن دۈشمەننى ئالداپ چېكىنىش ھالىتى.

2- ھالەت: مۇسۇلمانلار گۇرۇھىغا قېتىلىش ۋە ئۇلار بىلەن كۈچلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سەپلىرىگە قوشۇلۇش ھالىتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسى ئۇرۇشتىن قېچىشنىڭ چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئادەمنى ھالاك قىلغۇچى 7 تۈرلۈك گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇ 7 تۈرلۈك گۇناھ قايسى؟» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «الله قا شېرىك كەلتۈرۈش؛ سېھىرگەرلىك؛ الله ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش؛ جازانە يېيىش؛ يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش؛ جەڭ كۈنى جەڭدىن قېچىش؛ مۆئمىن، ئىپپەتلىك، ئېرى بار ئايالغا بۆھتان چاپلاش» (مۇسلىم توپلىغان، «فى زىلال قۇرئان»دىن ئېلىندى).

ئىككىنچى ھۆكۈم، قېچىش ھارام بولىدىغان دۈشمەننىڭ سانى قانچە؟

يۇقىرىقى ئايەت ئۇرۇشتىن قېچىشنى ھارام قىلدى ئەمما قېچىش ھارام بولىدىغان ئۇ سانىنى سۈرە ئەنفالنىڭ يەنە بىر ئايىتى بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ الله تعالى نىڭ: «الله ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى. ئەگەر سىلەردە چىداملىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن)نى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، الله نىڭ ئىزنى بىلەن 2000 (دۈشمەن)نى يېڭەلەيدۇ. الله چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر» (سۈرە ئەنفال 66- ئايەت) دېگەن سۆزىدۇر.

بۇ ئايەت — مۇسۇلمانلارغا كاپىرلارنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش بولغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىدا سابىت تۇرۇشنى ۋاجىب قىلدى. ئاۋۋال ھەقىقەتەن كاپىرلارنىڭ سانى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق بولغان تەقدىردىمۇ دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشقا ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن الله تعالى ئۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى ۋە ئۇلارغا رەھىم قىلىش، ئاسانلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇ ھۆكۈمنى يەڭگىللەتتى. ئەگەر كاپىرلار قوشۇنى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كۆپ بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇشى ۋاجىب ئەمەس. (بۇ پەرز كۆپايە جىھادقا قارىتىلغان لېكىن ھازىرقىدەك جىھاد پەرز ئەين بولغاندا سان ئاساسلىق سەۋەب بولمايدۇ بەلكى پايدا-زىياننى تەڭشەش ئاساسىي سەۋەب بولۇپ، بۇ — جىھادنىڭ ئەمىرىگە قايتۇرۇلىدۇ.) ئەمما كاپىرلار مۇسۇلمانلار دىيارىغا ھۇجۇم قىلغاندا، مۇسۇلمانلارغا دىيارلىرىنى ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە قوغداش ۋە جەڭ قىلىش چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال، ئاز-كۆپ ھەممىسىگە ۋاجىب بولىدۇ.

ئۈچىنچى ھۆكۈم، زۆرۈر بولغاندا چېكىنىپ كېتىش دۇرۇس بولامدۇ؟

يۇقىرىدىكى ئايەت كۆرسەتكەن ئىككى ھالەتتىن باشقا زۆرۈر ئەھۋاللاردا قېچىش دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن، مۆئمىنلەر مۇھاسىرىدە قالغان ياكى ئارقا سەپ تەمىناتى ئۈزۈلگەن ھالەتكە ئوخشاش. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىز قوشۇن ئىچىدە ئىدۇق، كىشىلەر دۈشمەن ئالدىدىن قېچىپ كەتتى. بىز: <ئۇرۇشتىن قېچىپ الله نىڭ غەزىپى بىلەن قايتقان تۇرساق رەسۇلۇللاھقا قانداق ئۇچرىشىمىز؟!> دېيىشتۇق-يۇ، بامداتنىڭ ئالدىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ چىقىپ: <بۇ كىملەر؟> دېدى، بىز: <قاچقۇنلار> دەپ جاۋاب بەردۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بەلكى سىلەر قايتىدىن ھۇجۇم قىلغۇچىلار> دېگەندى، بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قولىغا سۆيۈپ كەتتۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <مەن سىلەر ۋە مۇسۇلمانلار پاناھلىنىدىغان قوشۇنۇڭلاردۇرمەن> دەپ ﴿إِلَّا مُتَحَرِّفًا لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَى فِئَةٍ﴾ <كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى ياردەم تىلەش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ (قوشۇنىدىكى) جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)> دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى».

ئەسكەرتىپ قويىدىغان مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، يۇقىرىقى بارلىق ھالەتلەردىكى شەرئىي ھۆكۈملەرنى تەتبىقلاش ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە قوماندانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جامائەت ھالەتتە بولىدۇ.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُوا ذَنُوبًا مِثْلَ ذَنُوبِ أَصْحَابِهِمْ فَلَا يَسْتَعْجِلُونِ﴾ «(ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلاردىن (ئازابتىن) ئۆتكەنكى (ھالاك بولغان) دوستلىرىنىڭ نېسىۋىسىدەك نېسىۋىسى بولىدۇ، بۇلار (ئازابىمغا) ئالدىراتمىسۇن» (سۈرە زارىيات 59- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ مَنْ بِيَدِهِ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ يُجِيرُ وَلَا يُجَارُ عَلَيْهِ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ئېيتقىنكى: <ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)>» (سۈرە مۆئمىنۇن 88- ئايەت).

تەۋھىدنىڭ بۇ تۈرى (تەۋھىدى رۇبۇبىيە)نى قۇرەيش كاپىرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىقرار قىلغان. ھەرقايسى شەرىئەت، مەزھەپ ۋە دىن ئىگىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەمدە الله تعالى ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن بۇرۇنقى مۇشرىكلارنىڭ ھەممىسى ئالەمنى، ئالەمدىكى مەۋجۇداتلارنى ياراتقان ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارغا رىزىق بېرىدىغان زاتنىڭ يەككە-يېگانە الله ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشاتتى ۋە شۇنى ئىقرار قىلىشاتتى. الله تعالى ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ قُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ﴾ «ئەگەر سەن ئۇلاردىن: <ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟> دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم <الله> دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى: <بارلىق ھەمدۇسانا الله قا خاستۇر!> بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى ئۇقمايدۇ» (سۈرە لوقمان 25- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ مَنْ يَرْزُقُكُمْ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ أَمَّنْ يَمْلِكُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَمَنْ يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَمَنْ يُدَبِّرُ الْأَمْرَ فَسَيَقُولُونَ اللَّهُ فَقُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ﴾ «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى: <سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىيا ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟> ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): <الله> دەيدۇ. ئېيتقىنكى: <(الله تىن غەيرىگە چوقۇنۇش بىلەن الله نىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟>» (سۈرە يۇنۇس 31- ئايەت).

مۇشرىكلارنىڭ يۇقىرىقىدەك تەۋھىدى رۇبۇبىيەنى ئىقرار قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەندىلەرنىڭ قەلبلىرى الله تعالى نىڭ رۇبۇبىيىتىنى ئىقرار قىلىش خاراكتېرىدە يارىتىلغاندۇر. بۇ تەۋھىدنى ئىلگىرىكى دىنسىزلار ۋە ھازىرقى زاماندىكى كوممۇنىستلاردىن باشقا ھېچكىم ئىنكار قىلمىغان شۇڭا تەۋھىدى رۇبۇبىيەگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى تەۋھىدنىڭ ئىككىنچى تۈرى بولغان تەۋھىدىل ئۇلۇھىيەگە قەلبدە ۋە تىلىدا، بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئىمان كەلتۈرمىگىچە ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولمايدۇ، دۇنيا ھاياتىدا ئۆزىنىڭ قېنىنى ۋە مېلىنى شەرىئەت جازالىرىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ ھەمدە دوزاخ ئازابىدىن ۋە دوزاختا مەڭگۈ قېلىشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

### 2. تَوْحِيْدُ الْأُلُوْهِيَّةِ

«تَوْحِيْدُ الْأُلُوْهِيَّةِ[1]» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بولسا، الله تعالى نىڭ ھەقىقىي ۋە يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى، قۇلچىلىق قىلىنىشقا ۋە مۇتلەق ئىتائەت قىلىنىشقا پەقەت الله تعالى نىڭلا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى، الله تعالى دىن باشقا ھەر قانداق قۇلچىلىق قىلىنغۇچىنىڭ باتىل، قانۇنسىز ۋە ناھەق قۇلچىلىق قىلىنغۇچى ئىكەنلىكىنى جەزمىي ئەقىدە قىلىش، كامىل ئىقرار قىلىش ۋە تولۇق ئېتىراپ قىلىشتۇر. الله تعالى دىن باشقا باتىل، قانۇنسىز ۋە ناھەق قۇلچىلىق قىلىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئادا-جۇدا بولۇشتۇر.

يەنى، سۆزدىكى، ئەمەلدىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بولغان ھەر قانداق ئىبادەتنى (قۇلچىلىق قىلىشنى) يېگانە الله تعالى غىلا قىلىش ۋە شۇ ئىبادەتلەرنى الله تعالى غا خالىس قىلىشتۇر ھەمدە ناماز، روزا، زاكات، ھەج، دۇئا، ياردەم تىلەش، مەدەت

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

تىلەش، ئىلتىجا قىلىش، پاناھلىق تىلەش، نەزىر قىلىش، قۇربانلىق قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش، قورقۇش، ئۈمىد قىلىش، ياخشى كۆرۈش، يۈزلىنىش، ئەنسىرەش، ئۆزىنى خار تۇتۇش قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ۋە يەنە باشقا تۈردىكى ئىبادەتلەرنىڭ ھېچبىرىنى **الله تعالى** نىڭ غەيرىگە قىلماسلىقتۇر ۋە **الله تعالى** غا مۇھەببەت، قورقۇش ۋە ئۈمىد قاتارلىق تۈرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قۇلچىلىق قىلىشتۇر. **الله تعالى** غا بۇ تۈرلەرنىڭ بەزىسى بىلەن قۇلچىلىق قىلىپ، يەنە بەزىسىنى تەرك ئېتىش ئازغۇنلۇقتۇر.

«الله» دېگەن سۆزدىن «يارىتىش ۋە رىزىق بېرىش» دېگەنلەرگە ئوخشاش پېئىللىق سۈپەت ئېلىنمايدۇ، پەقەت ئۇ **الله تعالى** نىڭلا قۇلچىلىق قىلىنىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بولغان زاتىي سۈپەتكە (يەنى «الله» دېگەن سۆزنىڭ پەقەت ھەقىقىي ئىلاھ بولغان **الله تعالى** نىڭلا ئىسمى ئىكەنلىكىگە) دەلىل بولىدۇ.

«تەۋھىدۇل ئۇلۇھىيە» دېگەن سۆزنىڭ خۇلاسە مەنىسى — بەندىلەر ئۆزىنىڭ ھەربىر ئىش-ھەرىكەتلىرىدە **الله تعالى** نى يەككىلەشتۈرۈشتۇر. تەۋھىدى ئۇلۇھىيە يەنە تەۋھىدى ئىبادەت (قۇلچىلىق قىلىش تەۋھىدى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. **الله تعالى** مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ**﴾ «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» (سۈرە فاتىھە 5- ئايەت).

**الله تعالى** يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَنْ يَدْعُ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ لَا بُرْهَانَ لَهُ بِهِ فَإِنَّمَا حِسَابُهُ عِنْدَ رَبِّهِ إِنَّهُ لَا يُفْلِحُ الْكَافِرُونَ**﴾ «كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا الله قا قوشۇپ يەنە بىر مەئبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ» (سۈرە مۇئمىنۇن 117- ئايەت).

**الله تعالى** جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى تەۋھىدۇل ئىبادەت (يەنى، يەككە-يېگانە الله قا قۇلچىلىق قىلىش) ئۈچۈن ياراتتى. **الله تعالى** مۇنداق دېگەن: ﴿**وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ**﴾ «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا قۇلچىلىق قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» (سۈرە زارىيات 56- ئايەت).

مانا بۇ تەۋھىد (يەنى تەۋھىدى ئۇلۇھىيە) ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋۋىلى (باشلانمىسى) ۋە ئاخىرىدۇر، ئىچى ۋە سىرتىدۇر. **الله تعالى** نىڭ ئەلچىلىرىنىڭ دەۋىتىنىڭ ئەۋۋىلى (باشلانمىسى) ۋە ئاخىرىدۇر. تەۋھىدى ئۇلۇھىيە سەۋەبلىك **الله تعالى** ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى ۋە كىتابلارنى نازىل قىلدى ھەمدە شۇ سەۋەبلىك جىھاد قىلىشچىلىرى سۇغۇرۇلدى. مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ۋە جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئارىسى ئايرىۋېتىلدى. تەۋھىدى ئۇلۇھىيە **الله تعالى** نىڭ: «الله تىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر ۋە ئۇ پەيغەمبەرلەر دەۋەت ئېلىپ بارغان مەسىلىدۇر. تەۋھىدى ئۇلۇھىيەنى ئىنكار قىلىش ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاكەتكە تاشلىغان ئىشتۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

---

ئىزاھات: ① «**الأُلُوْهِيَّة**» دېگەن سۆز «إله» دېگەن سۆزدىن شاخلىنىپ چىققان، كۆپلۈكى «اَلِهَة»بولۇپ، «إله»نىڭ مەنىسى — **المَعْبُوْدُ** (قۇلچىلىق قىلىنغۇچى)، يەنى «قەلبلەر چوقۇنىدىغان مەئبۇد» دېگەن مەنىدە. مەئبۇد قىلىپ تىكلەنگەن ھەر قانداق نەرسە مەئبۇد قىلىپ تىكلىگۈچىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىلاھتۇر. يەنى «إله» دېگەن سۆز قۇلچىلىق قىلىنىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «إله» دېگەن سۆز يەنە ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلىنغۇچى ۋە ھەقىقىي ئىلاھ بولغان **الله تعالى** غا ئىشلىتىلىدۇ ۋە يەنە **الله تعالى** دىن باشقا باتىل، قانۇنسىز، ناھەق قۇلچىلىق قىلىنىدىغان ساختا مەئبۇدلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن ھەقىقىي ئىلاھ چوقۇم ھەممىنى ياراتقۇچى، ھەممىگە قادىر، ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ۋە ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى بولۇشى لازىم. شۇڭا كىمكى مۇشۇنداق بولالمايدىكەن ئۇنداقتا ئۇ گەرچە زۇلۇم بىلەن قۇلچىلىق قىلىنغان ۋە «ئىلاھ» دەپ ئاتالغان ھالەتتىمۇ ئىلاھ ئەمەس. «الله» دېگەن بۇ بۈيۈك سۆز «اَلْإِله» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئەرەبلەر تىلغا يەڭگىل بولسۇن ئۈچۈن زىرلىق ھەمزىنى ئېلىۋەتكەن. «اَلْإِله»نىڭ مەنىسى — ھېلىقى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان قۇلچىلىق قىلىنغۇچىدۇر.

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عن أبي هريرة رضي الله عنه عن رسولِ الله ﷺ قال: «لا يُشِرْ أَحَدُكُمْ إِلَى أَخِيهِ بِالسِّلاحِ، فَإِنَّهُ لا يَدْرِي لَعَلَّ الشَّيْطَانَ يَنْزِعُ فِي يَدِهِ، فَيَقَعَ فِي حُفْرَةٍ مِنَ النَّارِ» (متفق عليه).

## ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۈرەيرە **رضي الله عنه** پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىغا قورال تەڭلىمىسۇن! چۈنكى ئۇ بىلمەيدۇكى، شەيتان ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ (قېرىندىشىغا قورالنى تەگكۈزۈۋېتىپ)، ئاندىن ئۇ شۇ سەۋەبلىك دوزاختىكى بىر چوڭقۇرغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

ئىمام مۇسلىم توپلىغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇئمىن قېرىندىشىغا تۆمۈر تەڭلىسە، تۆمۈر تەڭلىگۈچى (تەڭلەنگۈچىنىڭ) ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىندىشى بولغان تەقدىردىمۇ تاكى ئۇ قولىنى يىغىۋالغانغا قەدەر پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ».

## ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە مۇسۇلماننىڭ ھۆرمىتىنى كۈچلەندۈرگەن ھەمدە مۇسۇلماننى قورقۇتۇشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىنى تەڭلەشتىن قاتتىق چەكلىگەن».

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىندىشى بولغان تەقدىردىمۇ» دېگەن سۆزى — بۇ چەكلىمىنىڭ ئۇ كىشى بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى بولسۇن ياكى بولمىسۇن ھەربىر كىشىگە نىسبەتەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدۇ. مەيلى چاقچاق قىلسۇن ياكى ئويناشسۇن، ۋەياكى قەستەن قىلغان بولسۇن، ھەرقانداق ھالەتتە مۇسۇلماننى قورقۇتۇش ھارامدۇر.

ئىبنى ئۇسەيمىن بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بىرەر كىشىگە قورال، ياكى تۆمۈر، ياكى تاش ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشىشىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئاتىدىغاندەك ھالەتتە تەڭلەشتىن توسقان چۈنكى شۇ ۋاقىتتا شەيتان ئۇ كىشىنىڭ قولىنى تارتىۋېتىشى ياكى قورال ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، ئاندىن ئۇ كىشى دوزاختىن بىر ئورەككە چۈشۈپ كېتىدۇ. الله ساقلىسۇن! بەزى نادان كىشىلەر قىلىۋاتقان نەرسە ھەم شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، ماشىنىنى ئۆرە تۇرغان ياكى ئولتۇرغان ۋەياكى ياتقان كىشى تەرەپكە ئويىنىشىپ تېز سۈرئەتتە ئەكېلىدۇ، ئاندىن يېقىنلاشقاندا سوقۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن تېز سۈرئەتتە تورمۇزلايدۇ. بۇمۇ ھەم تۆمۈر تەڭلىگەنگە ئوخشاش چەكلىنىدۇ چۈنكى ئۇ كىشى بىلمەيدۇكى، شەيتان ئۇ كىشىنىڭ قولىنى تارتىۋېتىپ ماشىنىنى ياخشى كونترول قىلالماسلىقى مۇمكىن، ئاندىن ئۇ كىشى دوزاختىن بىر ئورەككە چۈشۈپ كېتىدۇ» («رياض الصالحين»نىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى).

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## قايتۇرما ھۇجۇم

شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشۇنلىرىغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئاخىرقى بۇيرۇقنى چىقىرىپ: «شَدّوا (جاسارەتلىك بولۇڭلار)» دېدى ۋە ساھابىلىرىنى جەڭگە قىزىقتۇرۇپ ئۇلارغا: «مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى! بۈگۈن كىمكى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ سەۋر قىلغان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان ۋە جەڭدىن قاچماي ئالدىنى قىلغان ھالەتتە ئۆلتۈرۈلسە، الله ئۇنى چوقۇم جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەت تەرەپكە ئالدىراڭلار!» دېدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇمەير ئىبنى ھۇمام **رضي الله عنه**: «پاھ، پاھ!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئۇمەير، نېمىگە <پاھ، پاھ> دەپ كەتتىڭ؟» دېگەنىدى، ئۇمەير **رضي الله عنه**: «الله بىلەن قەسەمكى ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن پەقەت شۇ جەننەت ئەھلىدىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق دېدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەقىقەتەن سەن جەننەت ئەھلىدىندۇرسەن» دېدى. ئۇمەير **رضي الله عنه** تۇلۇمدىن بىر نەچچە تال خورمىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن ئازراق يېدى، ئاندىن: «ئەگەر مەن مۇشۇ خورمىلارنى يەپ بولغۇچە ياشىسام نېمىدىگەن ئۇزۇن ياشاش - ھە!» دېدى - دە، قالغان خورمىلارنى ئېتىۋېتىپ كاپىرلارغا قارشى شەھىد بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدى.

مانا شۇنىڭدەك، ئەۋس ئىبنى ھارىس **رضي الله عنه** رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سوراپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! رەببىمنى بەندىنىڭ قايسى ئىشى كۈلدۈرىدۇ؟» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بەندىنىڭ يېڭىنى تۈرگەن ھالىتىدە دۈشمىنىگە قولىنى تىقىشى (دۈشمەن تەرەپكە ئاتلىنىشى)» دېدى. ئەۋس ئىبنى ھارىس **رضي الله عنه** ئۈستىدىكى ساۋۇتنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ قولىغا قىلىچنى ئالدى - دە، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھالىتىدە كاپىرلارغا قارشى جەڭگە كىرىپ شەھىد قىلىندى:

الله تامان ماڭدىمەن مەڭگۈ باقىي ھاياتقا،
تەقۋالىق ۋە سەۋردۇر جىھادىمنىڭ ئوزۇقى.
يوقىلىدۇ بارچىسى بۇ سەپەردە ئاخىرى،
تۈگىمەيدۇ ھەرگىزمۇ مۇشۇ ئوزۇق قۇۋۋىتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشۇنغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى چىقارغاندا مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋىسى ئاللىقاچان بوشاپ ھۇجۇم قىلىش قىزغىنلىقى يوقالغانىدى شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ تەدبىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىگە ناھايىتى زور رولى بولدى چۈنكى ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان (ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ جەڭ قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى) شۇنداق دەھشەت، يۇقىرى جاسارەت بىلەن ھۇجۇم قوزغىدىكى، دۈشمەن سەپلىرىنى ئۈگىتەي-توگىتەي قىلىۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭمۇ ئۈستىگە قوش ساۋۇت كېيىپ، تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا: «مۇشرىكلار تويى مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە چوقۇم چېكىندۈرۈلىدۇ!» دەپ قوماندانلىق ئورنىدىن ئېتىلىپ چىققانلىقى قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار يولۋاستەك ئېتىلىپ، جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى ۋە پەرىشتىلەرمۇ ياردەمگە كەلدى.

ئىبنى سەئىدنىڭ ئىكرىمە **رضي الله عنه** دىن نەقىل قىلغان ھەدىسىدە: «شۇ كۈنى بەزى ئادەملەرنىڭ كاللىسى ئۈزۈلۈپ چۈشەتتى، كىمنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى؛ يەنە بەزىلەرنىڭ قولى كېسىلىپ كېتەتتى، كىمنىڭ قىلىچ ئۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى» دېيىلگەن.

ئىبنى ئابباس **رضي الله عنه** مۇنداق دېگەن: «بىر چاغدا مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان بىر مۇشرىكنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتى، ئۈشتۇمتۇت ئۈستى تەرىپىدىن قامچىنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ۋە بىر ئاتلىقنىڭ <ھەيزۇم تېز يۈگۈر!> دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. قارىسا ھېلىقى مۇشرىك ئالدىدا ئۆلۈك ياتقۇدەك. ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ مۇشرىكنى قامچا بىلەن ئۇرۇلغاندەك بۇرنى ۋە يۈزى يېرىلغان، كۆكەرگەن ھالەتتە كۆردى. بۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <راست ئېيتىسەن، ئۇلار ئۈچىنچى ئاسماننىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى> دېدى».

ئەبۇ داۋۇد مازىنى **رضي الله عنه** مۇنداق دېگەن: «شۇ كۈنى مەن بىر مۇشرىكنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتىم، قىلىچنى ئۇنىڭغا ئۇرۇپ بولغۇچە بېشى يەرگە چۈشۈپ بولدى. مەن ئۇنى باشقىلار ئۆلتۈرگەن چېغى دەپتىمەن، شۇ ئەسنادا بىر كىشى ئاببااس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ (پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىسى)نى ئەسىر ئېلىپ كەلدى. ئابباس: <الله بىلەن قەسەمكى، مېنى بۇ كىشى ئەسىر ئالمىدى. مېنى ناھايىتى ئېسىل، چىرايلىق ئاتقا مىنىۋالغان، چىراي-شەكلى كېلىشكەن بىر كىشى ئەسىر ئالغان. ئۇ ئادەم ھازىر كۆرۈنمەيدۇ> دەيتتى. ئەنسارى: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى مەن ئەسىر ئالدىم> دەيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <جىم تۇر! ساڭا الله كاتتا پەرىشتىلەر بىلەن ياردەم بېرىپتۇ> دېدى».

## ئىبلىس جەڭ مەيدانىدىن چېكىندى

ئىبلىس پەرىشتىلەرنىڭ مۇشرىكلارغا زەربە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (ئۇ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، سوراقە ئىبنى مالىك جۇئشۇمنىڭ سىياقىدا كېلىپ تاھازىرغىچە مۇشرىكلار سېپىدىن ئايرىلمىغانىدى) كەينىگە ياندى ۋە ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ تىكىۋەتمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھارىس ئىبنى ھىشام (ئۇنى ھەقىقىي سوراقە دەپ ئويلىغان) ئېسىلىۋالدى. ئۇ ھارىسنىڭ مەيدىسىگە قاتتىق بىر مۇشت ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى ۋە ئالمان-تالمان قېچىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن مۇشرىكلار: «نەگە ئى سوراقە؟ سەن بىزگە باشپاناھ بولىمەن ۋە باشتىن-ئاخىر ئايرىلمايمەن دېگەنتىڭغۇ؟» دەپ تووۋلاشقانىدى، ئىبلىس: «مەن سىلەر كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمەن، مەن الله تىن قورقىمەن، الله نىڭ ئازابى ناھايىتى قاتتىق» دېگىنىچە دېڭىز ساھىلى تەرەپكە قېچىپ غايىب بولدى. بۇ ھەقتە **الله تعالى** مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا (قەبىھ) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ: <ھېچقانداق كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار> دېگەن ئىدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىندى ۋە: <مەن سىلەردىن ئادا-جۇدامەن، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن راستلا الله تىن قورقىمەن، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر> دېدى» (سۈرە ئەنفال 48- ئايەت).

## پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت

مۇشرىكلارنىڭ سەپلىرىدە پارچىلىنىش ۋە يىمىرىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى. مۇشرىكلار توپى تەرەپ-تەرەپكە جېنىنى ئېلىپ تىكىۋېتىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈپ ئەسىر ئېلىپ، ئۆلتۈرۈپ، ئاخىرى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلدى.

## ئەبۇ جەھلىنىڭ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي جان-جەھلى بىلەن چىڭ تۇرغانلىقى

ئەمما، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ باش جىنايەتچىسى، چوڭ تاغۇت ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام ئۆز قوشۇنىنىڭ سەپلىرىدىكى يىمىرىلىش ۋە پاتىپاراقچىلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ بۇ خىل پايدىسىز ئېقىمنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى. ئۇ ھەدەپ قوشۇننى ئىلھاملاندۇرۇپ ئۇلارغا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى ۋە: «سوراقەنىڭ خائىنلىقى سىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرمىسۇن، بۇ دېگەن مۇھەممەد بىلەن ئالدىن كېلىشىۋالغان سۇيىقەست. شەيبە، ئۇتبە ۋە ۋەلىدلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ھودۇقۇپ كەتمەڭلار، ئۇلار ئالدىراپ كەتتى. لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز ئۇلارنى ئارغامچا،

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

تاشلار بىلەن باغلاپ ئېلىپ كېتىشىمىز كېرەك. ھېچقايسىڭلار ئۇلاردىن بىر ئادەم ئۆلتۈرۈپلا بولدى قىلماڭلار، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، بىز ئۇلارغا يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى راسا بىر تونۇتۇپ قويايلى!» دەيتتى لېكىن ئۇنىڭ ھىيلىگەرلىكىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسى تېزلا ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئۆزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ سەپلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا پارچىلىنىشقا باشلىدى ۋە ئۇلارنىڭ توپىدا پاتىپاراقچىلىق يۈز بەردى. ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت بىر قانچە مۇشرىكلارلا قېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا قىلىچ-نەيزىلەر بىلەن مۇستەھكەم بىر قورغان شەكىللەندۈرگەن ئىدى لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىنىڭ بەھەيۋەت دولقۇنى ئالدىدا بۇ قورغانلارمۇ بۇزۇۋېتىلدى ۋە نەيزە-قىلىچ توساقلىرىمۇ پاچاقلاپ تاشلاندى. دەل مۇشۇ چاغدا بۇ قانخور جاللات توپ ئارىسىدا ئېچىلىپ قالدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئات ئۈستىدە چېپىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدى. ۋاھالەنكى ئۆلۈم ئىككى ئەنسارى ئەزىمەتنىڭ قولى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا ئىنتىزار ئىدى.

(اللہ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

## 1 ـ پەسىل: خاۋارىجلارنىڭ ئۆتمۈش ۋە ھازىرقى زاماندىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى

خاۋارىجلار بولسا ئەقىدىۋي پىرقىلەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر پىرقە بولۇپ، ئۇلار ئىسلامنىڭ سىياسىي تارىخىدا قاتتىق قول توپىلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. ئۇلار تارىختىن بۇيان ئىسلامىي دۆلەتلەرنى ئۆزۈن يىل ئاۋارە قىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ سىياسىي نوپۇزى ئەرەبىستاننىڭ مەشرىق ۋە مەغرىب تەرەپلىرىدىكى ئىسلامىي يۇرتلارغا، خۇسۇسەن ئۇممان، ھەزرىمەۋت، زەنجىبار (تانزانىيە) ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان بىر قىسىم ئافرىقا ئەللىرىگە كەڭ قانات يايغان. ئۇلارنىڭ مەنىۋي مەدەنىيەت (ثَقَافَةٌ) سىستېمىسى ئەرەبىستاننىڭ غەربى (يەنى تۇنىس، سۇدان، ماراكەش، ئالجىرىيە قاتارلىق ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئافرىقا ئەللىرى) دە ۋە مۇشۇ رايونلاردا كەڭ تارقالغان ئىبازىيە مەزھىپىدە دائىم ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

خاۋارىجلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەزارىقە (خاۋارىجلارنىڭ مەشھۇر پىرقىلىرىدىن بىرى) خاۋارىجلىرىنىڭ تەكفىرگە ئالاقىدار بىر قىسىم پىكىرلىرى ھازىرقى دەۋرىمىزدە نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئاشقۇنلۇق ۋە دىنىنى چىگىتىش ھالىتىدە گەۋدىلىنىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇمدۇر. شۇ سەۋەبلىك مانا بۇ تارىخىي پىرقىنى، بۇ پىرقە كەلتۈرۈپ چىقارغان پىكىر، كۆزقاراشلارنى ھەمدە بۇ پىرقىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئىشلىگەن جىنايەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە يورۇتۇپ بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئىبازىيە خاۋارىجلىرىدىن باشقا خاۋارىجلارنىڭ مەخسۇس كىتابلىرى يوق دېيەرلىك. شۇڭا بىز كۆپىنچە ھالدا بۇ توغرىسىدا ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى يازغان مەنبەلەرگە تايىنىمىز چۈنكى بۇ ئالىملار ئۇلار بىلەن زامانداش ۋە ماكانداش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار نەقىل قىلغان خەۋەرلەرنىڭ سەھىھلىكىگە ئىشەنچ قىلىمىز. ئېھتىمال، ئۇ ئالىملار خاۋارىجلارنىڭ بىزگە يەتمىگەن كىتابلىرىدىن خەۋەردار بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئىبازىيە خاۋارىجلىرىنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن كىتابلىرى ئەنە شۇ ئالىملارنىڭ خاۋارىج مەزھەپلىرى توغرىسىدىكى نەقىللىرىنىڭ سەھىھلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بەزىلەر: «خاۋارىجلار پەقەت ئۆتمۈشكىلا مەنسۇپ» دېيىشىدۇ. بۇ سۆز باتىلدۇر. خاۋارىجلار زامان جەھەتتىن قەدىمكى (يەنى ئەلى رضي الله عنه دەۋرىدىكى) خاۋارىجلار ۋە ئاخىرقى زامان خاۋارىجلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:

### بىرىنچى، قەدىمكى خاۋارىجلار

بۇلارنىڭ، يەنى ساھابىلەر دەۋرىدىكى خاۋارىجلارنىڭ ئەلى رضي الله عنه غا الله تعالى تەرىپىدىن كارامەت قىلىپ بىلدۈرۈلگەن ئۈچ خىل ئالامىتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ ھەرۇرىيە ئىكەنلىكىگە ساھابىلەر ئىتتىپاقىقا كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاشكارا ئالامىتى:

1. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇنەكلىك بىر قارا كىشىنىڭ بارلىقى.

بۇنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنۇ ھەدىسىدۇر: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر قەۋم چىقىدۇ. ئۇلار خۇددى ئوق ئوۋغا كىرىپ چىقىپ كەتكەندەك، ئىسلامنىڭ بۇ تەرىپىدىن چوڭقۇرلاپ كىرىپ ئۇ تەرىپىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاستىنقى بىلىكى يوق ئۈستۈنكى بىلىكى بار، ئۈستۈنكى بىلىكىنىڭ ئۇچىدا ئايال كىشىنىڭ كۆكسىنىڭ تۇپچىسىدەك ئاق تۈكلەر قاپلىغان مۇنەكلىك بىر كىشى بار» («سەھىھ مۇسلىم» 1066- ھەدىس).

2. ئۇلارنىڭ ئىبادەتكە زىيادە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى.

بۇنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدۇر: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بىرتۈركۈم كىشىلەر چىقىدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامىزى، روزىسى ۋە قىرائىتىگە قاراپ ئۆزۈڭلارنىڭكىنى ئاز كۆرۈپ قالىسىلەر...» («سەھىھ بۇخارى» 5058- ھەدىس ۋە «سەھىھ مۇسلىم» 1064- ھەدىس).

3. ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدىغانلىقى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ ئالامىتى بولسا چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىشتۇر» («سەھىھ بۇخارى» 7562- ھەدىس، «سەھىھ مۇسلىم» 1064- ھەدىس).

مانا بۇ ئالامەتلەرنىڭ ئاخىرقى زامان خاۋارىجلىرىغا ئەمەس بەلكى ئەلى رضي الله عنه زامانىسىدىكى خاۋارىجلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

1) پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مارىقەلەر (يەنى چىقىپ كەتكۈچىلەر ياكى خاۋارىجلار) مۇسۇلمانلار بۆلۈنگەندە چىقىدۇ، ئۇلارنى ئىككى تائىپىنىڭ ئىچىدە ھەققە يېقىنراقى ئۆلتۈرىدۇ» («سەھىھ بۇخارى» 6933- ھەدىس).

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن بۇنى پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىغان. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئۇلارنى ئەلى ئۆلتۈرگەن، شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم» («سەھىھ بۇخارى» 6933- ھەدىس).

دېمەك، خاۋارىجلارنى ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ قالغان (ئەلى رضي الله عنه ۋە مۇئاۋىيە رضي الله عنه دىن ئىبارەت) ئىككى گۇرۇھتىن ئەلى رضي الله عنه گۇرۇھى ئۆلتۈرگەن.

2) رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بىر قەۋم چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ نامىزىغا قاراپ ئۆزۈڭلارنىڭكىنى تۆۋەن كۆرۈپ قالىسىلەر» («سەھىھ بۇخارى» 5058- ھەدىس).

ئىمام ئىبنى ئابدۇلبەر رحمه الله بۇ ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «<سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن چىقىدۇ> دېگىنى ــ سىلەرگە قارشى چىقىدۇ دېگىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ چىقىشى ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدە بولغان» («الاستذكار» 2- قىسىم 497- بەت).

دېمەك، «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن چىقىدۇ» دەپ ساھابىلەرگە خىتاب قىلغان.

(اللہ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پەيغەمبەر تىبابىتى بىلشۈيلىك-ئىلشۈيلىك

### سامساق (ثَوْمٌ)

ئۇ پىيازغا يېقىن. ھەدىستە: «سامساق، پىياز يېگەنلەر ئۇنى پىشۇرۇپ، پۇرىقىنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن يېسۇن» دېيىلگەن (مۇسلىم توپلىغان).

بىر قېتىم پەيغەمبەر ﷺ گە سامساق قوشۇلغان تاماق ھەدىيە قىلىنىۋېدى، ئۇنى ئەبۇ ئەييۇب رضي الله عنه غا ئەۋەتتى. ئەبۇ ئەييۇب رضي الله عنه: «يا رەسۇلۇللاھ! بۇ تاماقنى ناخۇش كۆرۈپ ماڭا ئەۋەتتىلىمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «سەن پىچىرلىمىغان زاتقا مەن پىچىرلايمەن» دېدى («مۇسلىم» 1253- ھەدىس).

سامساق تۆتىنچى دەرىجىلىك قۇرۇق ئىسسىق. ئۇ بەلغەم مىزاجلارغا، سوغۇق مىزاجلارغا ۋە پارالىچ بولۇپ قېلىشقا يۈزلەنگەنلەرگە يۇقىرى دەرىجىلىك مەنپەئەتلىك قۇرۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قاتتىق يەللەرنى بوشىتىدۇ، تائامنى ھەزىم قىلىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى كېسىدۇ، قورساقنى بوشىتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، بارلىق سوغۇق ئىششىق ۋە ھاشارەت چاققانغا زەھەر قايتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەر ئۇنى سوقۇپ يىلان، چايان چاققان جايغا سۈرسە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە زەھەرنى تارتىدۇ. ئۇ بەدەننى قىزىتىدۇ، ھارارەتنى زىيادە قىلىدۇ، بەلغەمنى كېسىدۇ، يەلنى ماڭدۇرىدۇ، گالنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، بەدەننىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ساغلاملىقىنى ئاسرايدۇ، بەدەندىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئاستا خاراكتېرلىك يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى سوقۇپ ئاچچىقسۇ، تۇز ۋە ھەسەل بىلەن قوشۇپ قۇرۇت يەپ كەتكەن ئېزىق چىشقا قويسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئەگەر ئۇ سوقۇلۇپ ھەسەل سۈيى بىلەن ئىستىمال قىلىنسا بەلغەم ۋە مەددە قۇرۇتنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئەگەر ئۇنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئاق كېسەلگە سۈرۈپ بەرسە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاءالله).

ئۇنىڭ زىيانلىق تەرىپى تۆۋەندىكىچە: ئۇ باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ، مېڭە ۋە كۆزگە زىيانلىق، كۆزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇسسىتىدۇ، سەپرانى قوزغايدۇ، ئېغىزنى سېسىق پۇرىتىدۇ، ئېغىز پۇراپ قالسا سۇزاپ ياپرىقىنى چاينىۋېتىش كېرەك.

# ئائىلىسىكى رېتسېپلار

### سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش

بۇ خىل باش ئاغرىقى سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك-ئىچمەكنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، سوغۇق سۇنى زىيادە ئىچىش ۋە سوغۇق ھاۋادا، قار-يامغۇردا، سۇدا ئۇزاق تۇرۇپ قىلىش، ھۆل-زەي ئورۇندا تۇرۇپ ئىشلەش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدىغان بولۇپ؛ باش قېيىش، ئاغرىش، بەل-پۇت بوغۇملىرى ئاغرىش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەش، ئۇيقۇ قېچىش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

شىپالىق رېتسېپلار:

1. قارىمۇچنى سىركىدە ئېزىپ باش-پېشانىسىگە چاپسا، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاءالله).

2. سامساقنى ئېزىپ شىرنىسىنى بۇرۇنغا 3ــ5 قېتىمغىچە تېمىتىپ بەرسە بولىدۇ.

3. بىر دانە ئالمىنى پارچىلاپ، تۇز سۈيىگە يېرىم سائەت چىلاپ يېسە بولىدۇ.

## رەببىم ئاللاھتۇر

بىلال

رەببىم ئاللاھتۇر،
چەكسىز مېھرىبان.
ئىنساننى شۇنچە
ئەزىز ياراتقان.

شېرىكي يوقتۇر،
بۈيۈك، تەڭداشسىز.
بارچە مەخلۇقنى،
قىلغان نۇقسانسىز.

ئاتا قىپ بىزگە،
بۈيۈك نېئمەتنى.
قۇرئان ۋە سۈننەت،
ئىمان، ئىسلامنى.

بەردى كۆز، قۇلاق،
قول، پۇت ۋە ئېغىز.
ئېيتىمەن دائىم،
ھەمدىلەر چەكسىز.

نىجىس ۋە مەلئۇن،
كاپىر قىلمىدى.
ئازغۇن بولۇشتىن،
يىراق ساقلىدى.

ھىدايەت نۇرى،
چېچىپ قەلبىمگە.
بىلدۈردى ھەقنى،
باشلاپ جەننەتكە.

رەببىم ئايرىما،
ھەقتىن، ئىماندىن.
يىراق قىل دائىم،
مەلئۇن شەيتاندىن.

سەندىن ئۆزگە بىر،
يوقتۇر ھېچ ئىلاھ.
ساڭىلا قۇلمەن،
ئى رەببىم ئاللاھ!

■ 12- ئاينىڭ 16- كۈنى چۈش سائەت 12دە، ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ زابول ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى قالاتقا يېقىن بولغان سەرخوكان مەنتىقىسىدە مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئورۇنلاشتۇرغان، نەتىجىدە 5 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 12- ئاينىڭ 17- كۈنى كەچ سائەت 7 لەردە، ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى سەنگىن رايونىنىڭ ئامانۇللا كارىز مەنتىقىسىدە مۇرتەدلەرگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 8 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 12- ئاينىڭ 20- كۈنى ئافغانىستاننىڭ ئورۇزگان ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى تىرىنكوت شەھىرىگە يېقىن بولغان سولىب مەنتىقىسىگە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ كوماندۇس قىسمى ئامېرىكىنىڭ ھۇجۇمچى ئايروپىلانلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىلگىرىلەپ كەلگەن. ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى بۇ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى بۆكتۈرمە ھۇجۇمى ئورۇنلاشتۇرۇپ دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسقان، نەتىجىدە 12 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئۆلگەن، 3 دانە تانكا پاچاقلانغان، قالغان ئەسكەرلەر شەرمەندىلەرچە ئارقىغا چېكىنگەن.

■ 12- ئاينىڭ 20- كۈنى چۈش سائەت 12 دە، ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى لەشكەرگاھ رايونىغا يېقىن بولغان نىمرۇ ۋە ئەينەك مەنتىقىسىگە ئىككى تەرەپتىن تىكئۇچار ئايروپىلانلار بىلەن چۈشكەن مۇرتەد كوماندوس ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان. جەڭ كەچ سائەت 5 كىچە داۋاملاشقان. جەڭ جەريانىدا دۈشمەننىڭ 5 ئەسكىرىي ماشىنىسى مىناغا چۈشۈپ پارتلاپ 25 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، قالغان ئەسكەرلەر قېچىپ كەتكەن.

■ كوممۇنىست خىتاي كاپىرلىرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا «مەسجىدلەرنى ئەلالاشتۇرۇش» نامىدا كەڭ كۆلەمدە مەسجىدلەرنى چېقىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارماقتا. خىتاي ھاكىمىيىتى مەسجىد چېقىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغاندا گەرچە «مەسجىدلەرنى ئەلالاشتۇرۇش» نامى بىلەن ئېلىپ بارغان ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا جامائەتنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقلىرىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قۇرۇلۇش بىخەتەرلىكىدە ھېچقانداق مەسىلە يوق بولغان مەسجىدلەرمۇ چېقىلغان. ھەتتا چېقىلغان مەسجىدلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ كۆپ سانلىقىنى ساغلام مەسجىدلەر ئىگىلىگەن. چېقىلغان مەسجىدلەرنىڭ ھەممىسى جامائەتتىن يىغىلغان پۇل بىلەن سېلىنغاچقا ھەر مەھەللىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 مىڭ سوم، كەنتكە بولسا مىليون سوم ئىقتىسادىي زىيان بولغان. ئاشكارىلىنىشىچە، ۋەتىنىمىزدە چېقىلىۋاتقان مەسجىدلەرنىڭ كۆپ سانلىقى پىششىق خىشتىن سېلىنغان، ھەتتا بەزىلىرى تېخى ئىككى-ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىلا سېلىنغان مەسجىدلەر ئىكەن. چېقىلغان مەسجىدلەر مەھەللە جامائىتىنىڭ قۇربان ھېيتلىق تېرىلىرىنى توپلىشىدىن ۋە ھەربىر ئائىلىدىن ياردەم توپلىشىدىن سېلىنغان. لاۋارا مەسجىدى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا 70—80 مىڭ سوم مەبلەغ بىلەن رېمونت قىلىنغان. مەلۇم بولۇشىچە بۇ مەسجىدلەرنىڭ بىر قىسمى 30—40 كىشىلىك ئادەم توپلىنىدىغان مەھەللە مەسجىدلىرى بولسا، يەنە بەزىلىرى 100—200، ھەتتا 500 كىشىلىك جامائەتلەرنى سىغدۇرالايدىغان مەركىزىي مەسجىدلەر ئىكەن. لاۋارا مەسجىدى ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىدىن.

مەسجىد چېقىش ھەرىكىتىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى مەھەللە جامائىتىگە 100 مىڭ سوم، كەنتلەرگە 1 مىليون سوم، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە نەچچە 100 مىليون سومغا يېتىدىكەن. تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا ئاشكارىلىنىشىچە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ توقۇزاق ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان مەسجىد چېقىش ھەرىكىتىنىڭ قەشقەر شەھىرى بىلەن يېڭىسار ۋە قارىقاش ناھىيىسىدىمۇ ئېلىپ بېرىلغانلىقى دەلىللەندى. يەرلىك ساقچى ۋە شەھەرلىك مىللىي دىنىي ئىشلار كومىتېتى مەسئۇللىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، «مەسجىدلەرنى ئەلالاشتۇرۇش» نامى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ مەسجىد چېقىش ھەرىكىتىدە، ھەربىر كەنتتە بىر ياكى ئىككىلا مەسجىد ساقلاپ قېلىنغان. مەھەللىلەردىكى مەسجىدلەر پۈتۈنلەي چېقىۋېتىلگەن. مەلۇم بولۇشىچە مەھەللە مەسجىدلىرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي مەسجىدلەر سانىنىڭ 70% نى تەشكىل قىلىدۇ. خىتايلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى راست دېگەندەك ئەلالاشتۇرۇش ئۈچۈن بولغان بولسا، چېقىشتىن ئاۋۋال ئورنىغا يېڭىنى سالدىغان ياكى رېمونت قىلدىغانىغا پۇل ئاجراتقان بولاتتى. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مەقسىتى ئەلالاشتۇرۇش ئەمەس بەلكى يوق قىلىش، جامائەت بىخەتەرلىكى ئەمەس دۆلەت بىخەتەرلىكى بولغاچقا، مەسجىد چېقىشنى ئاخباراتتىن يوشۇرۇن ئېلىپ بارماقتا.

■ 12- ئاينىڭ 19- كۈنى ئاتالمىش «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» بېرما ئارمىيىسىنى ئەراكان مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ئۆي ماكانلىرىدىن مەھرۇم قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش ۋە بۇلاش دېگەندەك قىلمىشلارنى سادىر قىلىش بىلەن ئەيىبلىدى. يەكچەشمە تەشكىلاتنىڭ ئەراكان مۇسۇلمانلىرىغا ئالاقىدار دوكلاتىدا، بېرما ئەسكەرلىرى ئىجرا قىلغان زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئىنسانلىققا قارشى سادىر قىلىنغان جىنايەتلەر تۈرىگە كىرىدىغانلىقى ئەسكەرتىلدى. بۇددىست بېرما ئارمىيىسى بولسا مۇسۇلمانلار ياشايدىغان رەتخىن رايونىدا «تېررورىزىمغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى» ئېلىپ بارغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. ئەراكان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەزىيىتىگە ئىنسانىي پاجىئە دەپ باھا بەرگەن ئاتالمىش «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» ئۆكتەبىر ئېيىدىن بۇيان 27 مىڭدىن ئارتۇق ئەراكانلىق مۇسۇلماننىڭ قوشنا دۆلەت بېنگالغا قاچقانلىقى، بېنگالنىڭ بۇ مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇۋېتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى. ئەراكان مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن كېيىن، كۇفرىنىڭ قاياشى بولغان «ب د ت»مۇ ئۆتكەن ئاي بېرما ھۆكۈمىتىنىڭ تازىلاش ئېلىپ بارغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى. نەچچە يىلدىن بېرى بېرمىدا رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلۇۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ قىساسى ئۈچۈن قولىغا قورال ئالغان مۇجاھىدلارمۇ بۇددىست ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇنلىغان ئەسكىرىي ئەمەلىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا، غەربنىڭ بۇ ئېلانلىرى تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش.

■ 11- ئاينىڭ 14- كۈندىن 12- ئاينىڭ 23- كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا لىۋىيەنىڭ بىنغازى شەھىرىدە مۇرتەد ھەفتەر ئارمىيىسىنىڭ 583 نەپەر ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 754 نەپىرى يارىلانغان.

■ 12- ئاينىڭ 25- كۈنى يەمەن مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ رىدا ۋىلايىتى سىممىت رايونىدا شىئەلەرگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 6 نەپەر شىئە ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 12- ئاينىڭ 25- كۈنى رۇسىيىنىڭ سوچى ئايرودرومىدىن سۈرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتىگە قاراپ ئۇچقان رۇس ئارمىيىسىنىڭ TU-154B2 تىپلىق ھەربىي ئايروپىلانى قارا دېڭىز تەۋەلىكىگە كەلگەندە دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن، نەتىجىدە ئايروپىلان ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھالاك بولغان. مەلۇم بولۇشىچە مەزكۇر ئايروپىلاندا 94 نەپەر ئادەم بار بولۇپ، 8 نەپىرى ئايروپىلان خادىمى، 9 نەپىرى رۇسىيە تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ مۇخبىرلىرى ۋە قالغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوركېستىر ئۆمىكىدىكىلەر بولۇپ ھازىرغىچە بۇ ئايروپىلاننىڭ چۈشۈپ كېتىش سەۋەبى ئېنىق ئەمەس ئىكەن.

■ 12- ئاينىڭ 26- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى لەشكەرگاھ رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ماشىنا كارۋىنىغا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 12 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، 7 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان.

■ 12- ئاينىڭ 26- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھىرات ۋىلايىتى شىندانت ئايروپىلان بازىسىغا يېقىن جايدا ئافغانىستان مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ بىر تىكئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 28- كۈنى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتى قارىقاش ناھىيىسىدە 4 نەپەر قېرىندىشىمىز بومبا قاچىلانغان ماشىنا بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قوروسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ماشىنىنى پارتلاتقان. نومۇسسىز خىتايلار بۇ ۋەقە ھەققىدە قىسقىلا مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى ۋە ئۈچ ئادەمنىڭ يارىلانغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خەۋەردە يەنە، تۆت نەپەر قېرىندىشىمىزنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ شەھىد قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنغان.

■ 12- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلدا، باميان ۋىلايىتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ئولتۇرغان ماشىنىغا قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مەزكۇر پارلامېنت ئەزاسى ئېغىر دەرىجىدە يارىلانغان، 5 نەپەر قوغدىغۇچىسى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 12- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ شىبىلى ۋاستا ۋىلايىتىنىڭ مەھدايى شەھىرى ئەتراپىدا بىروندى تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 5 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىنىڭ 12- ئاي ئىچىدە مۇرتەد ئارمىيە ۋە تاجاۋۇزچى ئارمىيىگە قارشى قىلغان ھۇجۇملىرىنىڭ نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

مۇرتەد ئارمىيىدىن 943 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، 556 نەپىرى يارىلانغان؛ 7 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 5 نەپىرى يارىلانغان؛ 250 كە يېقىن ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان.

■ 1- ئاينىڭ 2- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى موقدىشۇدا ئافرىقا تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي بازىسىغا قارشى 2 قېتىم پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 30 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، 44 نەپىرى يارىلانغان.

■ 1- ئاينىڭ 3- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 18 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، 12 نەپىرى يارىلانغان، 20 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان.

■ 1- ئاينىڭ 4- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى «ب د ت»نىڭ مۇقدىشۇدا تۇرۇشلۇق ئورنىغا پارتلىتىش ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئۇلار ئېغىر زىيانلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ ئۆلۈم-يىتىم ئەھۋالىنى يوشۇرماقتا.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| كَاذِبٌ | يالغانچى | هِيَ كَاذِبَةٌ | ئۇ ئايال يالغانچى |
| كَاذِبُونَ | يالغانچىلار | الأَطِبَّاءُ الجُهَلاءُ كَاذِبُونَ | بىلىمسىز تېۋىپلار يالغانچى |
| خَيَّاطٌ | تىكىمچى | هَذَا الرَّجُلُ خَيَّاطٌ | بۇ كىشى تىكىمچى |
| خَيَّاطُونَ | تىكىمچىلەر | هَؤُلاءِ الرِّجَالُ خَيَّاطُونَ | بۇ كىشىلەر تىكىمچى |
| نَجَّارٌ | ياغاچچى | هَذَا الشَّيْخُ نَجَّارٌ | بۇ بوۋاي ياغاچچى |
| نَجَّارُوْنَ | ياغاچچىلار | هَؤُلاءِ الشُّيُوخُ نَجَّارُوْنَ | بۇ بوۋايلار ياغاچچى |
| حَدَّادٌ | تۆمۈرچى | جَارِي حَدَّادٌ | مېنىڭ خوشنام تۆمۈرچى |
| خَبَّازٌ | ناۋاي | صَدِيْقُهُ خَبَّازٌ | ئۇنىڭ دوستى ناۋاي |
| قَصَّابٌ | قاسساپ | عَدُوُّهُ قَصَّابٌ | ئۇنىڭ دۈشمىنى قاسساپ |
| خَفَّافٌ | موزدوز | هَذَا الْخَفَّافُ مَاهِرٌ | بۇ موزدوز ئۇستا |
| حَلَّاقٌ | ساتىراش | ذَاك الْحَلَّاقُ جَاهِلٌ | ئاۋۇ ساتىراش بىلىمسىز |
| قَصَّارٌ | باپكار (رەخت پىششىقلاپ ئىشلىگۈچى) | هَذَا الرَّجُلُ قَصَّارٌ | بۇ كىشى باپكار |

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەممىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته